


# «پەن ـ تېخنىكا ئۇرۇقى»نى تېرىش «بېيىش مېۋىسى»گە ئېرىشىش

## ـــــ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى، يېڭىلىق يارىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى جاڭ يۈگۈەن توغرىسىدا

□ مۇخبىرىمىز لى شىڭ

يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن سەييارە دوكلات بېرىش يىغىنىدا، جاڭ يۈگۈەن كۆپچىلىككە، ئۆزى تۇرۇشلۇق بىڭتۇەن 3 ـ شى تۇمشۇق شەھىرى 51 ـ تۇەن 4 ـ لىيەندىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 75 ئائىلىدىكى 300 نامرات كىشىنىڭ بۇ يىل نامراتلىقتىن تولۇق قۇتۇلغانلىقىنى دوكلات قىلدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «يېڭى دەۋردىكى بىڭتۇەنلىك بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە، يۇقىرى سۈپەتتە غەلىبە قىلىشقا داۋاملىق كۈچ قوشىمەن!»

2018 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈگۈەن تەشكىلنىڭ تالالاپ ئەۋەتىشى بىلەن، بىڭتۇەن 3 ـ شى تۇمشۇق شەھىرى 51 ـ تۇەننىڭ 4 ـ لىيەنگە بېرىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، لىيەندۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى بولدى. جاڭ يۈگۈەن ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇڭدىشىش، سۆھبەتلىشىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش، تۈگۈنى يېشىش، دوستلىشىش، سىردىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق لىيەندۇيدە پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتتى. ياش تايانچلار ئارىسىدىن پارتىيە ئەزالىقىغا تەربىيەلەش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بېيىش ماھىرلىرىنى پارتىيە ئەزالىقىغا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى بېيىش ماھىرلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەلپكارلىقى، ئۇيۇشقاقلىقى، چاقىرىق كۈچىنى كۈچەيتتى.

كىچىكىدىن يېزىدا چوڭ بولغان جاڭ يۈگۈەننىڭ يېزىغا چوڭقۇر مۇھەببىتى بار بولۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن لىيەندۇينىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشى ئۈچۈن بېرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلايتتى. ئائىلىلەرگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق جاڭ يۈگۈەن يېزا ئىگىلىك ئۇل ئەسلىھەلىرى ئاجىز، كەسىپ قۇرۇلمىسى نوقۇل بولۇشنىڭ 4 ـ لىيەننىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويۇۋاتقان مەسىلە ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقتى. پاختا گەرچە 4 ـ لىيەننىڭ تۈۋرۈك كەسپى بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق مۇددەت يېرىك تېرىقچىلىق قىلىنغانلىقتىن، ھوسۇلى تۆۋەن، ئۈنۈمى ناچار ئىدى. جاڭ يۈگۈەن كېۋەزگە كۈچ سەرپ قىلىپ، پاختىچىلىقنى زورايتىش، كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. كۆپ تەرەپلىمە ئالاقىلىشىش ئارقىلىق جاڭ يۈگۈەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى كېۋەز تەتقىقات ئورنىنىڭ كېۋەزنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى. ئۈلگە كۆرسىتىپ تېرىشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، جاڭ يۈگۈەن لىيەن «ئىككى كومىتېت»ى بىلەن كېڭىشىپ ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇردى ھەم 154 دېھقان ئائىلىسى بىلەن 1200 مو يەرنى ئوبوروت قىلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدە، ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزىدىكى پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭكىگە قارىغاندا 30%تىن كۆپرەك يۇقىرى بولدى، سۈپىتى ئىككى دەرىجە ئۆستى. يېرى ئوبوروت قىلىنغان 154 ئائىلە ئوتتۇرىچە 5400 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى، ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسىدا كېۋەز پەرۋىش قىلغان 22 ئىشلەمچى ئامىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى. لىيەندۇي تېرىقچىلىق كوپېراتىپىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ئەزاسى ئىسمائىل مەمەت مۇنداق دېدى: «مەن نەچچە ئون يىل تېرىقچىلىق قىلىپ، تۇنجى قېتىم پاختىنى ماشىنا بىلەن تەرگەننى، تۇنجى قېتىم ئايروپىلان(ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان) بىلەن دورا چاچقاننى كۆردۈم، خىزمەت ئەترىتى بىزگە تېخنىكا، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇت ئەكېلىپ بەردى، كىرىمىمىز مۇشۇنچە كۆپ ئاشتى، پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىنىڭ خىزمەت ئەترىتىگە رەھمەت!»

پاختىچىلىق يۈكسەلدى، جاڭ يۈگۈەن يەنە تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، لىيەندۇينىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلىشىشتەك ئەۋزەللىككە بىرلەشتۈرۈپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى. ئۇ تارىم داشۆسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىنى تېخنىكا مۇلازىمىتى ۋە ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق، چۈجە بىلەن تەمىنلىدى، ئىككى ياش دېھقاننى «يەرلىك مۇتەخەسسىس» قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، 50 نەچچە نامرات ئائىلىنى يەرلىك توخۇ بېقىشقا، كۆكتات تېرىش ۋە مېۋە ئۆستۈرۈشكە يېتەكلىدى. 300 تۇياقتىن ئارتۇق ئەلا نەسىللىك گۆش قويى سېتىۋېلىپ، لىيەندۇيدىكى پارتىيە ئەزاسى، قوي بېقىش ماھىرى ئابدۇكېرىم روزىنىڭ 21 ئائىلىلىك نامرات ئائىلىگە باشلامچىلىق قىلىپ گۆش قويى باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللىدى.

لىيەندۇيدە تۇرغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جاڭ يۈگۈەن پەن ـ تېخنىكا مىنىستىرلىقىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشكە ياردەم بېرىش تۈرى، بىڭتۇەننىڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن سەككىزنى قولغا كەلتۈرۈپ، 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى كېۋەز تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەنلەر ئاكادېمىيەسى، تارىم داشۆسى، 3 ـ شى يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى قاتارلىق دۆلەت، بىڭتۇەن، شى، شەھەردىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېڭى سورتلىرى، يېڭى تېخنىكىلىرىنىڭ لىيەندۇيدە چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە تۈرتكە بولدى.

نامرات ئائىلىلەر ئۈمىدكە تولۇپ، بېيىش ئارزۇسى بارغانسېرى كۈچەيدى. خىزمەت ئەترىتى 25 نامرات ئەمگەك كۈچىنى كارخانىلارغا بېرىپ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تەشكىللىدى، 23 كىشىنى ئېكولوگىيە ئورمان قوغدىغۇچىلىقىغا، تازىلىق ئىشچىلىقىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 1500 يۈەندىن ئاشتى. جاڭ يۈگۈەن يەنە چېۋەر قول مېيىپ تىككۈچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەشكىللەپ قۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا تىجارەت كىرىمىنى 300 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردى، كوپېراتىپقا كىرگەن سەككىز نەپەر نامرات ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 5000 يۈەندىن ئېشىپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدىغان بەخت يولىغا ماڭدى.

گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمەن

□ كەلپىن ناھىيەلىك كەلپىن ـ خۇجوۋ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى دىلارە ئەسقەر

مەن كەلپىن ناھىيەسىدىكى بىر ئادەتتىكى ئائىلىدە تۇغۇلغان، ئاتا ـ ئانام مېنى تەربىيەلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مېنى كىچىكىمدىن تارتىپ دۆلەت ئورتاق تىل مەكتىپىدە ئوقۇتۇشتا چىڭ تۇردى، مەن ھەر قېتىم راۋان، ئۆلچەملىك پۇتۇڭخۇادا باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاندا، قەلبىم پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا تولىدۇ.

2005 ـ يىلى، مەن ئىمتىھان بېرىپ ئەلا نەتىجە بىلەن جېجياڭ ئۆلكىسى نىڭبو ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتتۈم، شۇنىڭدىن باشلاپ جېجياڭغا ئۈزۈلمەس رىشتە باغلىدىم. مەن ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندە، پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئىنتايىن خۇشال بولدى. دادام ماڭا توختىماي تاپىلاپ مۇنداق دېدى: پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى بولمىغاچقا، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز مۇشۇنداق بەختلىك، گۈزەل بولدى، مەيلى قەيەرگە بارايلى پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، چوقۇم ياخشى ئوقۇپ، تىرىشىپ ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ، ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشىڭىز كېرەك.

2009 ـ يىلى مەن ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتكۈزۈپ، جېجياڭ سانائەت داشۆسى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى كەسپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، يەنە گۈزەل جېجياڭدا تۆت يىللىق ياشلىق چاغلىرىمنى ئۆتكۈزدۈم. 2013 ـ يىلى داشۆنى پۈتكۈزگەندە، مەن جياڭسۇ، جېجياڭ، شاڭخەيدە قېلىش ياكى يۇرتۇمغا قايتىشنى تاللاشقا دۇچ كېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا «غەربىي رايونغا بېرىش، ئاساسىي قاتلامغا بېرىش، ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا بېرىش» چاقىرىقى بويىچە، مەن يەنىلا يۈك ـ تاقلىرىمنى يۈدۈپ يۇرتۇمغا قايتىپ، كەلپىن ناھىيەسىدە يېزا ـ بازار مەمۇرى بولدۇم. 2017 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مەن تەشكىلنىڭ ئىشەنچى ھەم مۇھىم تاپشۇرۇقى بىلەن كەلپىن ـ خۇجوۋ باشلانغۇچ مەكتىپىگە كېلىپ خىزمەت قىلدىم.

مېنىڭ داشۆدە ئۆگەنگىنىم رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى كەسپى بولغاچقا، ئوقۇش پۈتكۈزۈشتىن بۇرۇن رادىيو ـ تېلېۋىزىيە تەھرىرلىكى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى ئىمتىھان بېرىپ ئېلىشىم كېرەك ئىدى. توردا تىزىمغا ئالدۇرۇش، نەق مەيداندا تىزىمغا ئالدۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئىمتىھان بېرىشكە يەنە بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قالغاندا، جېجياڭ ئۆلكىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالدىم، تېلېفوندا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتقانلار ئۇچۇرىنى كۆرگەن ۋاقىتتا، مېنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىكەنلىكىمنى بايقىغانلىقىنى، ئەگەر دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىدا ئىمتىھان بېرىشىم قىيىن بولسا، مېنى ئۇيغۇرچە ئىمتىھان قەغىزى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدىكى ئىمتىھان مەيدانى بىلەن ماسلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەينى ۋاقىتتا قەلبىم بىر خىل ئىللىق تۇيغۇغا چۆمدى، دەرھال مۇنداق دېدىم: «ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، مەن كىچىكىمدىن دۆلەت ئورتاق تىل مەكتىپىدە ئوقۇغان، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىدا ئىمتىھان بېرىشىمدە تامامەن مەسىلە يوق.» تېلېفوننى قويۇپ، مەن پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ناھايىتى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىدىن تەسىرلەندىم، شۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، بىر جۇڭگو پۇقراسى، 56 مىللەتلىك چوڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پەقەت دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەن، ياخشى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىش بىلەن بىللە، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىكەن.

پارتىيەنىڭ مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باشتىن ـ ئاخىر سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى مائارىپ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، مەكتەپنىڭ مائارىپ ئاساسىي بازىسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي بوشاشماي ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى يادرو قىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى مائارىپنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرىمەن. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» «سىز ئۆيۈمگە كېلىپ ساڭزا يەڭ، مەن ئۆيىڭىزگە بېرىپ يۆبلەك (زوڭزا) يەي» قاتارلىق ھېسسىيات يۇغۇرۇلغان ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرىمەن. ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنى ماركسىزملىق «بەش قاراش»، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە پائال يېتەكلەپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەيمەن.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 70 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1+3+3+ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش، خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تەدبىر ـ چارىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يادرونى قوغداش، مەركىزىي خىزمەتكە مۇلازىمەت قىلىش، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتىكى بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك؛ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، نىزام چىقىرىش خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق ئۈچۈن ھوقۇق يۈرگۈزۈش، خەلق ئۈچۈن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنى پارتىيە خاتىرجەم بولىدىغان، خەلق ئاممىسى رازى بولىدىغان ئۈلگىلىك ئورگان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ ئاكتىپلىق بىلەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىستىلنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەت ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنى زىممىگە ئېلىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، ۋاڭ يۈخمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى.

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈنۈمىنىڭ تېخىمۇ يېتەرلىك، سۈپىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۈپىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا خىزمەت ئاساسى سېلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىنى ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئەمەلىي ھەرىكەت، ھەرقايسى جەھەتلەردە قايتىما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلە، تەكلىپلەرنى تۈزىتىشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاسىتە. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن قەتئىي ھالدا نامراتلارنى يۆلەش ئوبيېكتلىرىنى ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش خىزمىتى، «ئىككىنى ئېنىقلاش، بىرنى دەلىللەپ تەكشۈرۈش» خىزمىتىنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ ھەقىقىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيەت ۋە تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سۈپەت ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش تەلەپىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىن ئىبارەت نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش كېرەك. ئىستىلنى چىڭىتىشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ توغرا، مۇكەممەل، ھەقىقىي بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنى باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، قايتا ـ قايتا جەدۋەل تولدۇرۇش، تەكرار خىزمەت قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. «ئىككىنى ئېنىقلاش، بىرنى دەلىللەپ تەكشۈرۈش» خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە، شاراىئتقا قاراپ ئىش كۆرۈشتە، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ مۆلچەرلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇشتا ھەقىقىي، توغرا بولۇشقا ئىنتىلىپ، نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈشتە قاتتىق، پۇختا بولۇش كېرەك. ياردەم بېرىش، يۆلەش تەدبىرلىرىنى توپلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئائىلىلەرگە كىرىش تۈرىنى مەنپەئەتلەنگۈچى ئائىلىلەرگە توغرا باغلاپ، قانچىلىك ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقىنى، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولۇش كېرەك. ھەرىكەت ھالىتىدە تەكشۈرۈش ۋە ئۇچۇر توپلاش باسقۇچى، سانلىق مەلۇماتلارنى كىرگۈزۈش ۋە سىستېما مەشغۇلات باسقۇچى، ئۇچۇرلارنى تۈزىتىش ۋە خىزمەتنى خۇلاسىلەش باسقۇچىدىكى ئوخشاش بولمىغان خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى توغرا ئىگىلەپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پۇختا ئالغا سىلجىتىش كېرەك. تارماق، خىزمەت، تېخنىكىنى جىپسىلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈمدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بەش دەرىجىلىك شۇجىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تۇتۇش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئىدىيەدە ئەستايىدىل بولۇش، خىزمەتتە قىيىنغا تېگىش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كەسپىي تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە، مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئادا قىلىشتا، ماس ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرىنى سىياسەت ۋە ئەمەلىي مەشغۇلاتتىكى «زېرەك ئادەم»گە ئايلاندۇرۇش كېرەك. خىزمەت يېتەكچىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزگە قارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، ھەرىكەت ھالىتىدە باشقۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا قاتتىق، ئەمەلىي بولۇش خىسلىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.